3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى
تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

# «غەربىي قىسمىدىكى ۋۇجېن بازىرى» سېھرىي كۆچكە تولغان يېڭى مەنزىرىنى نامايان قىلدى

**ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش بويىچە «100 شەھەر، 1000 ناھىيە، 10 مىڭ كەنتتە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سەيرى»**

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز گەي يىۋجۇن، قاراماي مۇخبىرلار پونكىتىدىن گاۋ يۇفېي

يېزا ـ كەنتلەر ساياھەت رايونىغا ئايلاندى، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ھەممىنى بارغانسېرى تومپايدى، يەنە پاكىز، ئازادە يېڭى ئۆيلەرگە كۆچۈپ كىردى... بۇ ياخشى ئىشلارنى ئويلىسىلا، چىغانلىق كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ياسىن تۇردىنىڭ چىرايىدە ئىختىيارسىز شادلىق تەبەسسۇمى جىلۋىلىنىدۇ.

يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، شىمالىي شىنجاڭ ساياھەت ئالتۇن لىنىيەسىنىڭ ئارىلىق تۈگۈن نۇقتىسى بولۇشتەك رايون ئەۋزەللىكىگە تايىنىپ، قاراماي شەھىرى ئورقۇ رايونىنىڭ ئورقۇ بازىرىدىكى خاك كەنتى بىلەن چىغانلىق كەنتى بۇ يىل «غەربىي قىسمىدىكى ۋۇجېن بازىرى» تۈرىنى ئەجادىي يولغا قويۇپ، ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇپ، گۈزەللەشتۈرۈپ، ساياھەت كەسپىنىڭ تەرەققىيات يېڭى مەنزىرىسىنى نامايان قىلدى.

كەنتتە ساياھەت پۇقراۋى قونالغۇلىرى قۇرۇلدى

قىش كىرگەن بولسىمۇ، ئورقۇ رايونىنىڭ ئاساسىي شەھەر رايونىغا يېقىن بولغان خاك كەنتى بىلەن چىغانلىق كەنتىنىڭ ھەممىلا يېرى قاينام ـ تاشقىنلىققا تولغان قۇرۇلۇش مەيدانىغا ئايلانغاندى. ئەسلىدىكى كونا ئۆيلەرنىڭ كۆپىنچىسى چېقىۋېتىلگەن بولۇپ، ئورنىغا قاتار ـ قاتار يېڭى ئولتۇراق ئۆيلەر چۈشۈپ، ئاساسىي گەۋدە رامكىسى ئاساسىي جەھەتتىن پۈتكەنىدى.

بۇ يىل ياسىن تاقەت قىلالماي، قۇرۇلۇشنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى پات ـ پات كېلىپ كۆردى.

«بۇ يەر مۇھىتى گۈزەل ساياھەت رايونىغا ئايلىنىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن ساياھەتچىلەر بارغانسېرى كۆپىيىدۇ، بىزمۇ ھەر يىلى نەچچە ئون مىڭ يۈەن پايدا ئالالايمىز، بۇلارنى ئويلىسامالا كۆڭلۈم يايراپ كېتىدۇ» دېدى ياسىن.

خاك كەنتى بىلەن چىغانلىق كەنتىنىڭ ساياھەت پۇقراۋى قونالغۇلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئاساسى بار.

بۇ يىل 3 ـ ئايدا، خاك كەنتى، چىغانلىق كەنتى كەنت «ئىككى كومىتېت»نىڭ تەشەببۇسى بىلەن، كەنت ئاھالىلىرى يىغىنى كېڭىشىپ، قانۇن بويىچە بولۇش، ئىختىيارىي بولۇش، ھەقلىق بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش ئاساسىدا، «غەربىي قىسمىدىكى ۋۇجېن بازىرى» تۈرىنى بەرپا قىلىشنى قارار قىلدى. بۇ قارار ئورقۇ رايونى، ئورقۇ بازىرىدىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى.

خاك كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى خاسكجاپ مۆكىبايىر مۇنداق تونۇشتۇردى: «غەربىي قىسمىدىكى ۋۇجېن بازىرى»تۈرىدە ساياھەت پۇقراۋى قونالغۇسى، مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت مەدەنىيىتى، ئىستراھەت يېزا ئىگىلىكى، خاس باقمىچىلىق قاتارلىق تۈرلەر بىر گەۋدە قىلىنغان بولۇپ، جەمئىي 2 مىليارد 90 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 1 مىليون 500 مىڭ كۋادرات مېتىر. بۇ تۈردە بۇ يىل 4 ـ ئايدا قۇرۇلۇش باشلانغان بولۇپ، نۆۋەتتە ئومۇمىي قۇرۇلۇش مىقدارىنىڭ 60%ى تاماملاندى، قۇرۇلۇشنىڭ كېلەر يىلى 5 ـ ئايدا پۈتۈشى مۆلچەرلەنمەكتە.

خاسكجاپ مۇنداق دېدى: تۈر ئىمزالاشقا قاتناشقان كەنت ئاھالىلىرى «دېھقانلارنىڭ سالاھىيىتى ئۆزگەرمەسلىك، ئۆيلۈك يەرنىڭ سالاھىيەت ھوقۇقى ئۆزگەرمەسلىك، كوللېكتىپ پايدىنى تەقسىملەش ھوقۇقى ئۆزگەرمەسلىك» ئالدىنقى شەرتىدە، ئائىلىنى بىرلىك قىلىپ كەنت ئاھالە كومىتېتىغا ئىلتىماس سۇنۇپ، قانۇنلۇق ئۆيلۈك يەر ئىشلىتىش ھوقۇقى ۋە ئۆيلۈك يەردىكى قوشۇمچە نەرسىلەرنى باھالىغاندىن كېيىن كەنت ئاھالە كومىتېتىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ، كەنت ئاھالە كومىتېتى ئورقۇ رايونى شەھەر قۇرۇلۇشىغا مەبلەغ سېلىش شىركىتىگە قۇرۇش، تىجارەت قىلىش، باشقۇرۇشنى بىرتوتاش ھاۋالە قىلىپ، پايدىنى ئېرىشىدۇ ھەم پۈتۈشكىنى بويىچە كەنت ئاھالىلىرىگە پايدا تەقسىملەپ بېرىدۇ.

«بۇ تۈر پۈتكەندىن كېيىن، ئورقۇ رايونىنىڭ خاس يېزا ـ كەنت ئىستراھەت ساياھەت كەسپ ھالىتى ئومۇميۈزلۈك بەرپا قىلىنىدۇ، شۇ جايدىكى كەنت ئاھالىلىرى ئەڭ چوڭ نەپكە ئېرىشكۈچى بولۇپ، تۈردىن ئايرىلغان پايدىدىن كەلگۈسى 20 يىلدا تۈرگە قاتناشقان دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق كىرىمى 35 مىڭ يۈەندىن ئاشىدۇ» دېدى ئورقۇ رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى شۆ خۇگشۇن.

## تۈر بېيىش سودا پۇرسىتى ئېلىپ كەلدى

نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا، خاك كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى زورىگۈل غازى ھويلىسىدا كىچىكرەك كۆلەمدىكى دېھقانلار ئارامگاھى ئاچقان بولۇپ، ھەر يىلى تەننەرخنى چىقىرىۋەتكەندە ئەڭ كۆپ بولغاندا 40 ـ 30 مىڭ يۈەن پۇل تاپالايتتى. «غەربىي قىسمىدىكى ۋۇجېن بازىرى» تۈرى بويىچە كېلىشىم ئىمزالىغاندىن كېيىن، ئۇ ئالغان پايدىدىن ئورقۇ ئاساسىي شەھەر رايونىدىن سېتىۋالغان 98 كۋادرات مېتىرلىق بىر يۈرۈش ئۆينىڭ پۇلى ۋە بېزەش خىراجىتىنى چىقىرىۋەتكەندە، ھەر ئايدا يەنە 2480 يۈەن پايدا ئالالايدۇ، شۇنداقلا يەنە ھەر بەش يىلدا 10%تىن ئۆرلەيدۇ.

««غەربىي قىسمىدىكى ۋۇجېن بازىرى» پۈتۈپ تىجارەت باشلىغاندىن كېيىن، چوقۇم نۇرغۇن ساياھەتچى ئورقۇغا ساياھەتكە كېلىدۇ، ئىستېمال قىلىدۇ، شۇڭا مەن شەھەر رايونىدىن دۇكان ئىجارە ئېلىپ كونا كەسپىمنى داۋاملاشتۇرۇشنى ئويلاۋاتىمەن.» زورىگۈل خۇشال ھالدا بارماقلىرىنى چىقىرىپ ھېسابلىغىنىچە مۇنداق دېدى: «ھەر يىلى تەقسىملەنگەن پايدىغا ئاشخانا تىجارىتىدىن تاپقان پۇلنى قوشقاندا، ئاز دېگەندىمۇ 80 ـ 70 مىڭ يۈەن بولىدۇ، چوقۇم بۇرۇنقىدىن كۆپ تاپالايمەن».

ئورقۇ بازارلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ ۋېيفېڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: «بۇ تۈر پۈتكەندىن كېيىن، شۇ جايدىكى ئاھالىلەرگە تېخىمۇ كۆپ ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىگىلىك تىكلەش پۇرسىتى ئېلىپ كېلىپلا قالماي، يەنە ئەتراپتىكى ناھىيە، شەھەرلەرنى 3000غا يېقىن ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلەيدۇ».

زورىگۈلگە ئوخشاش نۇرغۇن كەنت ئاھالىسى «غەربىي قىسمىدىكى ۋۇجېن بازىرى» تۈردىن كىرىمنى ئاشۇرۇپ بېيىش پۇرسىتىگە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلدى.

خاك كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى مەلىكەم قەھرىمان مۇنداق دېدى: «مېنىڭ پۈتۈكخۇايىم بىرقەدەر ياخشى، كەلگۈسىدە ‹غەربىي قىسمىدىكى ۋۇجېن بازىرى›دا مۇلازىم ياكى ساياھەت يېتەكچىسى بولغۇم بار، ھازىرقى بازار ئەھۋالى بويىچە بولغاندا، ھەر ئايدا ئاز دېگەندىمۇ 3000 يۈەندىن ئارتۇق پۇل تاپالايمەن، كېيىنكى تۇرمۇشۇم تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ».

## كەنت ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇشى تېخىمۇ ياخشىلىنىدۇ

«ھەقىقەتەن بەك چىرايلىق ئىكەن، يېڭى ئۆيگە تېزراق كۆچۈپ كىرىۋالساق دەيمەن.» 11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، چىغانلىق كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئابدۇرېھمجان روزى بېزەش ئۈنۈم خەرىتىسىنى كۆرگەندىن كېيىن، پات ئارىدا كۆچۈپ كىرمەكچى بولغان فېڭشياڭ ئولتۇراق رايوندىكى يېڭى ئۆيدىن تولىمۇ رازى بولدى.

«غەربىي قىسمىدىكى ۋۇجېن بازىرى» تۈردە قۇرۇلۇش باشلىنىشتىن بۇرۇن، كېلىشىم ئىمزالىغان نۇرغۇن كەنت ئاھالىسىنى ئۇزاق مۇددەت ئورۇنلاشتۇرۇشقا توغرا كەلدى، بۇنىڭ ئۈچۈن، ئورقۇ رايونلۇق ھۆكۈمەت شەھەر رايونىدا يېڭىدىن بىر ئاھالىلەر رايونى ــ فېڭشياڭ ئولتۇراق رايونىنى قۇردى.

ئابدۇرېھمجانغا ئوخشاش ئۆي سېتىۋېلىشنى تاللىغان دېھقانلارغا قارىتا، ئۇلار كەنت ئاھالە كومىتېتىدىن ئۆيلۈك يەر ۋە قوشۇمچە نەرسىلەرنىڭ ئالتە يىللىق پايدىسىنى ئۆينىڭ ئالدىن تاپشۇرىدىغان پۇلى ۋە بېزەش خىراجىتى سۈپىتىدە ئالدىن چىقىم قىلىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى. ئۆي سېتىۋالغاندىن كېيىن، ئۆينىڭ قالدۇق پۇلىنى تۆلىگەندىن باشقا، قالغان پايدىنى كەنت ئاھالە كومىتېتى ئايمۇئاي بېرىدۇ.

«بۇنىڭدىن كېيىن بۇ يەردە تۇرسىمىز، قىشتا پار بولغاچقا، كۆمۈر قالاپ ئىسسىنىش ھاجەتسىز، ئۆيىمۇ پاكىز تۇرىدۇ» دېدى ئابدۇرېھمجان.

ئابدۇرېھمجان ۋە كەنت ئاھالىلىرىنى تېخىمۇ خاتىرجەم قىلغىنى شۇكى، ئولتۇراق رايونىنىڭ يېنىدىلا قاراماي شەھەرلىك 3 ـ خەلق دوختۇرخانىسى، يولنىڭ ئۇدۇل تەرىپىدە يەسلى بار ئىكەن، يېنىدا يەنە ئورقۇ رايونلۇق ھۆكۈمەت ئىشلىرى زالى بولۇپ، سۇ، توك، تەبىئىي گاز ھەققى قاتارلىق ھەقلەرنىڭ ھەممىسنى مۇشۇ يەردە تاپشۇرغىلى بولىدىكەن.

««غەربىي قىسمىدىكى ۋۇجېن بازىرى» تۈرىنىڭ پايدىسىدا، كەنت ئاھالىلىرى تېزلا شەھەرلىكلەردەك تۇرمۇش كەچۈرەلەيدىغان بولىدۇ، داۋالىنىش، ئوقۇش، ئىشقا ئورۇنلىشىش قاتارلىقلارمۇ ئەمدى مەسىلە ھېسابلانمايدۇ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇش مۇھىتى ئۆزلۈكسىز ياخشىلىنىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇشى جەزمەن بارغانسېرى بەختلىك بولىدۇ» دېدى خاسكجاپ.

# ئىككى قېتىملىق بىرقەدەر كۈچلۈك سوغۇق ھاۋا ھۇجۇم قىلىدۇ شىمالىي شىنجاڭ رەسمىي قىش پەسلىگە كىرىدۇ

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جېڭ جو خەۋەر قىلىدۇ: مۇخبىرنىڭ شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسىدىن ئىگىلىشىچە، 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن 19 ـ كۈنى كۈندۈزگىچە، ئىككى قېتىملىق بىرقەدەر كۈچلۈك سوغۇق ھاۋا شىنجاڭغا كىرىدىكەن، شىمالىي شىنجاڭنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ غەربىدىكى تاغلىق رايونلار، قومۇل شەھىرىنىڭ شىمالىدا ئومۇميۈزلۈك قار ياغىدىكەن، قىسمەن جايلاردا ئوتتۇراھال ياكى قېلىن قار يېغىپ، تېمپېراتۇرا سەككىز سېلسىيە گرادۇس ئەتراپىدا تۆۋەنلەيدىكەن، شىمالىي شىنجاڭ رەسمىي قىش پەسلىگە كىرىدىكەن.

بىرقەدەر كۈچلۈك سوغۇق ھاۋانىڭ سىجىل تەسىر كۆرسىتىشىدە، مۆلچەرلىنىشچە، 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى كۈندۈزدىن 17 ـ كۈنى كېچىگىچە، شىمالىي شىنجاڭنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرى ۋە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ جەنۇبىدىكى تاغلىق رايونلار، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى تاغلىق رايونلار، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى تاغلىق رايونلار قاتارلىق جايلارنىڭ قىسمەن رايونلىرىدا ئاز ياكى ئازراق قار ياغىدىكەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ شىمالى، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ غەربى، تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ شىمالى، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ شىمالىدىكى تاغلىق رايونلار، ئۈرۈمچى شەھىرى، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ جەنۇبىدىكى تاغلىق رايونلار قاتارلىق جايلارنىڭ قىسمەن رايونلىرىدا ئوتتۇراھال قار ياغىدىكەن؛ بورتالا ئوبلاستىنىڭ غەربىدىكى تاغلىق رايونلار، تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ شىمالىدىكى تاغلىق رايونلار، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ جەنۇبىدىكى تاغلىق رايونلار قاتارلىق جايلارنىڭ قىسمەن جايلىرىدا قېلىن قار ياغىدىكەن، ئەڭ كۆپ جۇغلانما قار مىقدارى 18 ـ 10 مىللىمېتىرغا يېتىدىكەن. ئىلى ئوبلاستى، بورتالا ئوبلاستىنىڭ تاغلىق رايونلىرى، تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ شىمالى، ئالتاي ۋىلايىتىدە 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى كېچىدىن 16 ـ كۈنى كۈندۈزگىچە، ئۈرۈمچى شەھىرى، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىدا 11 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى كېچىدىن 18 ـ كۈنى كۈندۈزگىچە، يۇقىرىقى كۆپ قىسىم رايونلاردا تۆت ـ بەش بال غەربىي شىمال شامىلى چىقىدىكەن، شامال ئېغىزلىرىدا توققۇز بال ئەتراپىدا ئۆتكۈنچى بوران چىقىدىكەن، تېمپېراتۇرا سەككىز سېلسىيە گرادۇس ئەتراپىدا تۆۋەنلەيدىكەن.

11 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىن 19 ـ كۈنىگىچە، شىمالىي شىنجاڭنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرى ۋە قومۇل شەھىرىنىڭ شىمالى قاتارلىق جايلارنىڭ قىسمەن رايونلىرىدا ئاز ياكى ئازراق قار ياغىدىكەن، بۇنىڭ ئىچىدە قومۇل شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى قىسمەن رايونلاردا ئوتتۇراھال قار ياغىدىكەن، شەرقىي شىنجاڭدىكى شامال ئېغىزلىرىدا سەككىز بال ئەتراپىدا ئۆتكۈنچى بوران چىقىپ، تېمپېراتۇرا داۋاملىق تۆۋەنلەيدىكەن ھەم تۆۋەن تېمپېراتۇرىنى ساقلايدىكەن.

11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئەتىگەندە ھاۋا ئېچىلغاندىن كېيىن، تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ شىمالى، ئالتاي ۋىلايىتىدە ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن توققۇز سېلسىيە گرادۇستىن نۆلدىن تۆۋەن 16 سېلسىيە گرادۇسقىچە بولىدىكەن، شىمالىي شىنجاڭدىكى باشقا رايونلاردا ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن يەتتە سېلسىيە گرادۇستىن نۆلدىن تۆۋەن 12 سېلسىيە گرادۇسقىچە بولىدىكەن.

مۆلچەرلىنىشچە، 11 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىن 19 ـ كۈنىگىچە تېمپېراتۇرا تۆۋەنلەش جەريانىدا، ئۈرۈمچىنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىدا ئارىلاپ يامغۇر ئارىلاش قار ياكى قار ياغىدىكەن، قىسمەن رايونلاردا قار مىقدارى بىرقەدەر كۆپ بولىدىكەن، يوللاردا مۇز تۇتۇش ۋە قار يېغىلىپ قېلىش ئەھۋالى كۆرۈلۈشى مۇمكىن ئىكەن، 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن 21 ـ كۈنىگىچە، شەھەر رايونى، مىدۇڭ رايونىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى مۆلچەرلىنىشچە نۆلدىن تۆۋەن ئون سېلسىيە گرادۇستىن نۆلدىن تۆۋەن 12 سېلسىيە گرادۇسقىچە بولىدىكەن، گەنچۈەنپۇ، نەنسەن تاغلىق رايونى ۋە داۋانچىڭ رايونىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 16 سېلسىيە گرادۇستىن نۆلدىن تۆۋەن 18 سېلسىيە گرادۇسقىچە بولىدىكەن.

شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسىنىڭ باش مەلۇماتچىسى لۇ شىنشېڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: بۇ نۆۋەتلىك تۆۋەن تېمپېراتۇرىلىق ھاۋارايىدا، ئۈرۈمچىنىڭ ھەرقايسى رايونلىرىدا تېمپېراتۇرا سىجىل تۆۋەنلەيدۇ ھەم ئىلگىرىكى يىللاردىكى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن تۆۋەن بولىدۇ. قارلىق، تۆۋەن تېمپېراتۇرىلىق ھاۋارايى چارۋىچىلىق، ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىكى، قاتناش، ساياھەت، شەھەرنىڭ يۈرۈشۈشى قاتارلىقلارغا پايدىسىز تەسىر كۆرسىتىدۇ، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى جەھەتتە چارۋىلارنى سوغۇقتىن مۇداپىئەلىنىپ ئىسسىق ساقلاش ھەم يەم ـ خەشەك تولۇقلاش خىزمىتىنى مۇددەتتىن بۇرۇن ياخشى ئىشلەشنى تەۋسىيە قىلىمىز، دېھقانلارنىڭ كۆكتات پارنىكلىرىدىكى يىغىلىپ قالغان قارلارنى تازىلاش ۋە ئىسسىق ساقلاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىنى، ئاممىنىڭ سىرتقا چىققاندا سوغۇقتىن مۇداپىئەلىنىپ ئىسسىق ساقلاشقا دىققەت قىلىشىنى تەۋسىيە قىلىمىز.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

سىياسەت تۈزۈش، مەبلەغ جەھەتتىن يۆلەش، سىستېما قۇرۇلۇش، ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە كۆرۈنەرلىك نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈردى.

پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش نەتىجىلىرىنى ھەقىقىي تۈردە رېئال ئىشلەپچىقىرىش كۈچى ۋە كارخانىلارنىڭ تېپىنى ئۆزگەرتىپ تەرەققىي قىلىشىدىكى ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق پەن ـ تېخنىكا نازارىتى باشلامچى بولۇپ تۈرلۈك مەبلەغ سېلىش، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش ئاپپاراتلىرىنى پائال ئۇيۇشتۇرۇپ، تۈرلۈك يېڭىلىق يارىتىش، ئىگىلىك تىكلەش پائالىيەتلىرىنى قوللاش سالمىقىنى سىجىل زورايتتى. بۇ يىل 10 ـ ئايدا، 9 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو يېڭىلىق يارىتىش، ئىگىلىك تىكلەش مۇسابىقىسى (شىنجاڭ مۇسابىقە رايونى) ھەم 7 ـ نۆۋەتلىك شىنجاڭ يېڭىلىق يارىتىش، ئىگىلىك تىكلەش مۇسابىقىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاياغلاشتى، بۇ قېتىمقى مۇسابىقىدە يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كارخانىلار ۋە پەن ـ تېخنىكا تىپىدىكى ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلار مۇسابىقىگە قاتناشقان كارخانا ئومۇمىي سانىنىڭ 90%دىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى.

ھازىرغىچە، ئاپتونوم رايونىمىزدىن يېڭىلىق يارىتىش، ئىگىلىك تىكلەش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ مۇكاپاتلانغان كارخانىلار جەمئىي ئېرىشكەن بانكا قەرز پۇل مەدىتى 600 مىليون يۈەندىن ئېشىپ، خەۋپ ـ خەتەر سېلىنما مەدىتى 500 مىليون يۈەندىن ئېشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرىنى ئايلاندۇرۇش ئۈنۈمىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈردى.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش، ئىگىلىك تىكلەش پائالىيەتلىرىنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتىغا يېتەكچىلىك قىلىش ۋە تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق پەن ـ تېخنىكا نازارىتى «تيانشان ئاۋام ئىگىلىك تىكلەش، ئاۋام يېڭىلىق يارىتىش ھەرىكىتى»نى يولغا قويۇپ ھەم «ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹تيانشان ئاۋام ئىگىلىك تىكلەش، ئاۋام يېڭىلىق يارىتىش ھەرىكىتى›نى يولغا قويۇش لايىھەسى (2016 ـ يىلدىن 2020 ـ يىلغىچە)»نى بېسىپ تارقىتىپ يولغا قويۇپ، «ئاپتونوم رايوننىڭ ئاۋام ئىگىلىك تىكلەش، ئاۋام يېڭىلىق يارىتىش بوشلۇقىنى باشقۇرۇش چارىسى» «ئاپتونوم رايوننىڭ پەن ـ تېخنىكا كارخانىلىرىنى يېتىشتۈرۈش ئورۇنلىرىنى باشقۇرۇش چارىسى» قاتارلىق بىر قاتار چارىلەرنى تۈزۈپ، بەلگىلىك پەن تەتقىقات ئاساسىنى ھازىرلىغان بازار سۇبيېكتلىرىنى ئېلېكترونلۇق سودا، ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلان، داۋالاش ئەسۋابلىرى ھەم تېببىي دورا ئېچىش، جابدۇق ياسىمچىلىقى، زامانىۋى يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى قاتارلىق كەسپىي ساھەلەردە كەسپىيلەشكەن ئاۋام ئىگىلىك تىكلەش، ئاۋام يېڭىلىق يارىتىش بوشلۇقى بەرپا قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇپ ھەم ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئاۋام ئىگىلىك تىكلەش، ئاۋام يېڭىلىق يارىتىش بوشلۇقى، پەن ـ تېخنىكا كارخانىلىرىنى يېتىشتۈرۈش ئورنى ۋە داشۆ پەن ـ تېخنىكا باغچىلىرى قاتارلىق پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرىنى ئايلاندۇرۇش، كۆپەيتىپ يېتىشتۈرۈش سۇپىلىرى قۇرۇشنى پائال قوللاپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش نەتىجىلىرىنى تېز يۆتكەش، ئايلاندۇرۇشنى تېزلىتىشنى ھەر تەرەپلىمە مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە قويۇق بولغان يېڭىلىق يارىتىش، ئىگىلىك تىكلەش كەيپىياتىنىڭ شەكىللىنىشىگە تۈرتكە بولدى.

كېيىنكى قەدەمدە، ئاپتونوم رايونلۇق پەن ـ تېخنىكا نازارىتى پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشتا «دۇنيا پەن ـ تېخنىكىسىنىڭ ئالدىنقى سېپىگە يۈزلىنىش» «ئىقتىسادنىڭ ئاساسىي جەڭ مەيدانىغا يۈزلىنىش» «دۆلەتنىڭ مۇھىم، زور ئېھتىياجىغا يۈزلىنىش» «خەلقنىڭ ھاياتى، ساغلاملىقىغا يۈزلىنىش» تەلىپى بويىچە، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونلىرى، يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكا باغچە رايونلىرى، نۇقتىلىق تەجرىبىخانىلار، داشۆ پەن ـ تېخنىكا باغچىلىرى، قۇرۇلۇش تېخنىكا تەتقىقات مەركەزلىرى قاتارلىق يېڭىلىق يارىتىش سۇپىلىرى ھەمدە ئالىي مەكتەپ، پەن تەتقىقات يۇرتلىرى ـ ئورۇنلىرى، ساھە تايانچ كارخانىلىرى قاتارلىق يېڭىلىق يارىتىش سۇبيېكتلىرىغا تايىنىپ، پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرىنى ئۇدۇللاشتۇرۇش، خاس كەسپ ـ تېخنىكا ئېھتىياجىنى يۆتكەش، ئايلاندۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى مۇلازىمەتنى سىجىل يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تۈرتكە بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشنى كۈچلۈك پەن ـ تېخنىكا تىرەكى بىلەن تەمىنلەيدۇ.